# تۈرك تىلى

TÜRK DİLİ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۈرك تىلى

ISBN 7—228—02071—5
H·36(民文)定价:15.80元

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

# تۈرك تىلى

# TÜRK DİLİ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمغا 34 دەرس، ئىككىنچى قىسىمغا 32 دەرس كىرگۈزۈلدى. ھەر جۈپ دەرسنىڭ ئاخىرىدا گىراممatikىدىن ساۋات بېرىلدى. بۇنىڭدا ئىلىم - پەن نەشرىياتى 1959 - يىلى نەشر قىلغان تېنىشېۋنىڭ «تۈرك تىلى گىراممatikىسى» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابىتىن پايدىلىنىلدى. ھەربىر قىسىمنىڭ ئاخىرىغا شۇ قىسىمدا ئۇچرايدىغان سۆزلەرنىڭ لۇغىتى قوشۇمچە قىلىندى.

تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا، تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينايدۇ.

تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قېرىنداش تىل. لېكىن بۇ تىللارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىل بولۇپ شەكىللەنگىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولغىنى ئۈچۈن، تۈرك تىلى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراممatikا جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى قېرىنداش تىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆگىنىش بەزى جەھەتلەردىن ئاسان، لېكىن تۈرك تىلى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ئۆگىنىش بەزى جەھەتلەردىن قىيىن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ

لېكسىكىسىنى ئۆگىنىش بىر قەدەر قىيىن تۈرۈنگەنلىكى مىسالغا قاراڭ:

| ئۇيغۇرچە | تۈركچە |
|---|---|
| نەۋرە | torun |
| ئەتە | yarın |
| ئىنقىلاب | devrim |
| تەنقىد | eleştir |
| زىياپەت | şölen |
| ۋەزىيەت | durum |
| ئىملا | yazım |
| ئىملا قائىدىسى | yazımkuralları |

يۇقىرىقى مىساللار تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈرك تىلىدىكى بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن شەكىل ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ، مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: çirkin دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇيغۇرلار «پاسكىنا، مەينەت» دېگەن مەنىدە قوللانسا، تۈركلەر «سەت» دېگەن مەنىدە؛ sebze دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرلار كۆكتاتنىڭ بىر تۈرى مەنىسىدە قوللانسا، تۈركلەر پۈتۈن ئوتياش ـ كۆكتات مەنىسىدە؛ kilit دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرلار «ئاچقۇچ» دېگەن مەنىدە قوللانسا، تۈركلەر «قۇلۇپ» دېگەن مەنىدە؛ eski دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرلار «يامان، ناچار» دېگەن مەنىدە قوللانسا، تۈركلەر «قەدىم، كونا» دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا فونېتىكا، گراممatikىلىق شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردىمۇ خېلىلا ئوخشىماسلىقلار بار. مۇشۇ ئوخشىماسلىقلار ياخشى ئىگىلەنمىسە، تۈرك تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس.

# TÜRK ALFABESİ

## تۈرك ئېلىپبەسى

| Türkçe | | ئۇيغۇرچە | Türkçe | | ئۇيغۇرچە |
|---|---|---|---|---|---|
| A | a | ئا | M | m | م |
| B | b | ب | N | n | ن |
| C | c | ج | O | o | ئو |
| Ç | ç | چ | Ö | ö | ئۆ |
| D | d | د | P | p | پ |
| E | e | ئە | R | r | ر |
| F | f | ف | S | s | س |
| G | g | گ | Ş | ş | ش |
| Ğ | ğ | غ① | T | t | ت |
| H | h | ھ | U | u | ئۇ |
| I | ı | ئې② | Ü | ü | ئۈ |
| İ | i | ئى | V | v | ۋ |
| J | j | ژ | Y | y | ي |
| K | k | ك | Z | z | ز |
| L | l | ل | | | |

**ئىزاھلار:**

① تۈركچىدىكى ğ ئۇيغۇرچىدىكى غ نىڭ ئەينى ئەمەس، گ بىلەن غ نىڭ ئارىلىقىدىراق يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

② تۈركچىدىكى I ئۇيغۇرچىدىكى ئې نىڭ ئەينى ئەمەس، ئى بىلەن ئې ئارىلىقىدىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

تۈرك تىلىدا 29 فونېما بار، بۇلار سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۈرك تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 21 ئۈزۈك تاۋۇش بار.

سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار o، ö، u، ü لەردىن؛ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار a، e، ı، i لەردىن ئىبارەت.

ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكىگە قاراپ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار 13 بولۇپ، ئۇلار b، c، d، g، ğ، j، l، m، n، r، v، y، z لاردىن ئىبارەت.

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار سەككىز بولۇپ، ئۇلا ç، f، h، k، p، s، ş، t لاردىن ئىبارەت.

تۈرك تىلىدا مەيلى يېزىق شەكلىدە بولسۇن، مەيلى ئېغىز تىلى شەكلىدە بولسۇن، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت:

1. تۈرك تىلىدا a، e تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى يوق. مەسىلەن: çanta (سومكا) — çantası (سومكىسى)، şeker (شېكەر) — şekeri (شېكىرى).

2. تۈرك تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ناھايىتى كۈچلۈك. مەسىلەن: gönlümü (كۆڭلۈمنى) دېگەندەك.

3. تۈرك تىلىدىمۇ بەزى ئىسىملار شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە بوغۇم قىسقىراش ھادىسىسى بار. مەسىلەن: kabir (قەبرە) — kabri (قەبرىسى)، gönül (كۆڭۈل) — gönlü (كۆڭلى) دېگەندەك.

4. k، t تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملار شەخس بىلەن تۈرلەنگەندە k تاۋۇشى ğ تاۋۇشى بىلەن، t تاۋۇشى d تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىنىشىدۇ. مەسىلەن: tavuk (توخۇ) — tavuğu (توخۇسى)، iktisar (ئىقتىساد) — iktisadi (ئىقتىسادى).

5. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان t تاۋۇشى تۈرك تىلىدا d تاۋۇشى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: dil (تىل)، damak (تاماق)، dağ (تاغ)، dilek (تىلەك)، duman (تۇمان)، deri (تېرە)، deve (تۆگە).

6. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان k تاۋۇشى تۈرك تىلىدا g تاۋۇشى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: göz (كۆز)، gündüz (كۈندۈز)، gün (كۈن)، gök (كۆك).

7. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان m تاۋۇشى تۈرك تىلىدا b بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: bin (مىڭ)، buz (مۇز)، ben (مەن).

8. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان p تاۋۇشى تۈرك تىلىدا b بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: batak (پاتقاق)، but (پۇت)، bacak (پاچاق)، budak (پۇتاق)، balta (پالتا).

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان b تاۋۇشى تۈرك تىلىدا p بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: parmak (بارماق).

9. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغا ç تاۋۇشى تۈرك تىلىدا d بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: diş (چىش)، dişi (چىشى).

10. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان ç تاۋۇشى تۈرك تىلىدا s بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: saç (چاچ)، siçmak (چىچماق).

11. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان b تاۋۇشى تۈرك تىلىدا v بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: vermek (بەر-مەك) varmak (بارماق).

12. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان y تاۋۇشى تۈرك تىلىدا ı ياكى i بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: irin (يىرىڭ)، ip (يىپ)، ırak (يىراق).

# İÇİNDEKİLER

## بىرىنچى قىسىم


Birinci ders: Okuma sevinci ........................ 3

İkinci ders: Kardan adam ........................ 10

Gramer: 1. ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ...... 14

2. ئىسىملارنىڭ خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى ........... 15

Üçüncü ders: Ne güzel ev yaptık ............... 19

Dördüncü ders: Ninemize gittik ............... 24

Gramer: 1. ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى .................. 28

2. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ................. 28

Beşinci ders: Köyde yangın oldu ............... 29

Altıncı ders: Akıllı tavşan ........................ 35

Gramer: 1 — تۈرك تىلىدىكى كېلىشلەر ................... 40

Yedinci ders: Bu kimin kızı ........................ 42

Sekizinci ders: Güneşin İlk ışıkları ......... 47

Gramer: 2 — تۈرك تىلىدىكى كېلىشلەر ........... 51

Dokuzuncu ders: Sansar ve tavuklar ......... 53

Onuncu ders: Biraz da gülelim ................... 59

Gramer: سۆپەت — ئەسلى سۆپەت توغرىسىدا ...... 66

On birinci ders: Leylekler geldi ............... 70

www.uyghurkitap.com

On ikinci ders: Göl kenarında ................ 75
Gramer: سۈپەت توغرىسىدا — نىسپىي سۈپەت ...... 80
On üçücü ders: Bahar geldi ..................... 82
On dördüncü ders: Temiz hava ................ 89
Gramer: تۈرك تىلىدىكى پېئىل ..................... 95
On beşinci ders Geçmiş olsun ................ 100
On altıncı ders: Küçük Ali ..................... 104
Gramer: پېئىل دەرىجىلىرى توغرىسىدا — 1 ........ 109
On yedinci ders: Güneş ve ay ................ 113
On sekizinci ders: Anneler gününde ........ 119
Gramer: پېئىل دەرىجىلىرى توغرىسىدا — 2 ........ 125
On dokuzuncu ders: Çiçekler dalında güzeldir ........................................ 128
Yirminci ders: İnci ve bebeği ................ 135
Gramer: پېئىللارنىڭ شەخس ۋە سان بىلەن تۈرلىنىشى ... 140
Yirmi birinci ders: Minik kuzum .............. 143
Yirmi ikinci ders: Karabaş'ın armaganı ...... 148
Gramer: ھازىرقى زامان پېئىلى ..................... 153
Yirmi üçüncü ders: Tatil geldi ................ 156
Yirmi dördüncü ders: Tavuk ile inek ...... 161
Gramer: كەلگۈسى ھازىرقى زامان پېئىلى ......... 166
Yirmi beşinci ders: Tilki ile leylek ........... 170
Yirmi altıncı ders: Köpek ile gölgesi ........ 175
Gramer: ھازىرقى زامان داۋام پېئىلى ............... 181
Yirmi yedinci ders: Kurt ile öküzler ........ 184
Yirmi sekizinci ders: Öldürülen kuş ........ 190

Gramer: ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلى .............. 196
Yirmi dokuzuncu ders: Birlik ..................... 198
Otuzuncu ders: Geyik ve boynuzları ......... 203
Gramer: سۇبيېكتىپ ئۆتكەن زامان پېئىلى ......... 209
Otuz birinci ders: At ile eşek .................. 212
Otuz ikinci ders: Tilki ile çömlek ........... 218
Gramer: 1. ئۆتكەن ھازىرقى زامان پېئىلى ...... 224
2. ئېنىق كەلگۈسى زامان پېئىلى ..................... 226
Otuz üçüncü ders: At ile kurt ................. 228
Otuz dördüncü ders: Kedi ile kartal ......... 235
Gramer: 1. ئۇزاق ئۆتكەن زامان پېئىلى ......... 241
2. ئۇزاق ئۆتكەن زاماننىڭ 1 - تۈرى ............... 242
Sözlük ........................................................ 245

## ئىككىنچى قىسىم

Birinci ders: Sincap ................................. 287
İkinci ders: Tilki ile keçi .......................... 292
Gramer: ئۇزاق ئۆتكەن زاماننىڭ 2 - تۈرى ...... 298
Üçüncü ders: Hangisi daha korkunç ........... 300
Dördüncü ders: Ōdlek .............................. 308
Gramer: كەلگۈسى زامان مەقسەت پېئىلى ......... 314
Beşinci ders: Kirpi ile yılan ..................... 317
Altıncı ders: Faydalı bilgiler ................... 323
Gramer: بۇيرۇق پېئىلى ................................ 329
Yedinci ders: Hoş geldiniz ........................ 332
Sekizinci ders: Ayı ile tilki ....................... 339

www.uyghurkitap.com

Gramer: خالاش پېئىلى ........................ 344
Dokuzuncu ders: Söz dinlemiyen kuzu ...... 347
Onuncu ders: «Boncuk» ........................ 353
Gramer: زۆرۈرىيەت پېئىلى ........................ 360
On birinci ders: Hindi ile tarla kuşu ........ 363
On ikinci ders: Eşek ile köpek ................ 369
Gramer: شەرت پېئىلى ........................ 376
On üçüncü ders: Horoz ile köpek ........... 380
On dördüncü ders: Küçük kusurlar ........... 387
Gramer: 1 — رەۋىشداش توغرىسىدا ............... 393
On beşinci ders: Tavşanın Üzüntüsü ........ 396
On altıncı ders: Kurt ile kedi ................ 402
Gramer: 2 — رەۋىشداش توغرىسىدا ............... 408
On yedinci ders: Güneşle rüzgar ............... 411
On sekizinci ders: «Çalıkuşu» romanından
parça ........................................ 417
Gramer: 1 — سۈپەتداش توغرىسىدا ............... 424
On dokuzuncu ders: En iyi şey ................ 427
Yirminci ders: Karga ile tilki ................ 433
Gramer: 2 — سۈپەتداش توغرىسىدا ............... 438
Yirmi birinci ders: Fena alışkanlık .......... 440
Yirmi ikinci ders: «Çalıkuşu» romanından
parça ........................................ 446
Gramer: 1 — رەۋىش توغرىسىدا ................... 451
Yirmi üçüncü ders: «Çalıkuşu» romanından
parça ........................................ 453
Yirmi dördüncü ders: Tatlılık ................ 460

Gramer: 2 — رەۋىش توغرىسىدا ........................ 465
Yirmi beşinci ders: «Çalıkuşu» romanından
parça ........................................................ 467
Yirmi altıncı ders: Kuşların dileği ............ 474
Gramer: 3 — رەۋىش توغرىسىدا ........................ 479
Yirmi yedinci ders: «Çalıkuşu» romanından
parça ........................................................ 481
Yirmi sekizinci ders: Ağaçarın kanı ......... 487
Gramer: 1 — سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ............ 494
Yirmi dokuzuncu ders: İyi ilaç .................. 497
Otuzuncu ders: Darı tanesiyle manda ......... 502
Gramer: 2 — سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ............ 509
Otuz birinci ders: Küçük kahraman ............ 512
Otuz ikinci ders: Kar nedir? ...................... 519
Gramer: 3 — سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ............ 525
Sözlük ........................................................ 527

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# بر ینچی قسم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# BİRİNCİ DERS

## 1· Kelimeler

| | |
|---|---|
| 2· anne | ئانا، ئاپا |
| 3· armağan | ھەدىيە، سوۋغا |
| armağan etmek | ھەدىيە (سوۋغا) قىلماق |
| 4· aşaği | تۆۋەن، پەس |
| aşağida | تۆۋەندە |
| aşağilik | پەسكەشلىك، رەزىللىك |
| aşağilamak | كەمسىتمەك، پەس كۆرمەك |
| aşağilanmak | كەمسىتىلمەك |
| 5· diyalog | دىئالوگ |
| 6· duvar | تام، قورۇق |
| duvarci | تامچى |
| 7· ev | ئۆي |
| evkadini | ئۆي خوتۇنى، ئائىلە ئايالى |
| evli | ئۆيلەنگەن، ياتلىق بولغان |
| Benevliyim. | مەن ئۆيلەنگەن (ياتلىق بولغان). |
| evlenmek | ئۆيلەنمەك، ياتلىق بولماق |
| 8· göstermek | كۆرسەتمەك |

Ben size evimi gōstereyim.

مەن سىزگە ئۆيۈمنى كۆرسىتەي.

www.uyghurkitap.com

yol göstermek — يول كۆرسەتمەك

9· gün aydin — ئەتىگەنلىك سالاملىشىش سۆزى

10· güzel — چىرايلىق، ياخشى

Işi güzel yap. — ئىشنى ياخشى قىل.

güzellik — گۈزەللىك

güzelleşmek — گۈزەللەشمەك

11· hep — ھەممە، تامامەن، پۈتۈنلەي، ھەمىشە

Bu işlari hep ben yaptim.

بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي مەن قىلدىم.

Hep seni düşünüyorum.

ھەمىشە سېنى ئويلايمەن.

12· iskemle — يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇق

13· iyi — ياخشى

iyi adam — ياخشى ئادەم

iyi bir konuşma — ياخشى (كۆڭۈللۈك) سۆھبەت

iyi haber — ياخشى خەۋەر، خۇش خەۋەر

iyilik. — ياخشىلىق

İnsanlara iyilik yapmali.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش لازىم

iyileşmek — ياخشى بولۇپ قالماق

14· kelime — سۆز

Sizden bir kelime dinliyelim.

سىزدىن بىر ئېغىز گەپ ئاڭلايلى.

kelime oyunu — سۆز ئويۇنى

15· kucaklamak — قۇچاقلىماق

çocuğunu kucaklamak — بالىسىنى قۇچاقلىماق

16· kutu — قۇتا

kutu gibi bir ev قۇتۇدەك (كىچىك) ئۆي

17· masa ئۈستەل، جوزا

yemek masasi تاماق جوزىسى

ütü masasi دەزمال جوزىسى

18· merhaba «خۇش كېلىپسىز»، «قارشى ئالىمىز» دېگەن مەنىدىكى سالاملىشىش سۆزى

19· mendil (ئەرەبچە) قول ياغلىق

mendil kadar ئالىقانچىلىق

20· nasil قانداق

Durumunuz nasıl? ئەھۋالىڭىز قانداق؟

Nasil geldiniz? قانداق كەلدىڭىز؟

Nasil kağit istiyorsunuz?

سىز قانداق قەغەز ئالماقچى؟

21· ne نېمە؛ قايسى، نېمىدېگەن

Ne gördün? نېمە كۆردۈڭ؟

Negüngeleceksin? قايسى كۈنى(قاچان)كېلىسەن؟

Ne çare? نېمە چارە؟

22· oda (بۆلمە) بىر ئۆي ئىچىدىكى بۆلۈنگەن ئۆيلەر (بۆلمىلەر)

çalişma odasi ئىش ئۆيى

yatak odasi ياتاق (ئۆي)

23· okul مەكتەپ

ilk okul باشلانغۇچ مەكتەپ

orta okul ئوتتۇرا مەكتەپ

yüksek okul ئالىي مەكتەپ

24· öğretmen ئوقۇتقۇچى

25· öğrenci ئوقۇغۇچى

26· okuma ئوقۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

27. yazma — يېزىش

Ben okuma yazmayi öğrendim.

مەن ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگەندىم.

28. pen cere — دېرىزە، پەنجىرە

29. sevinç — خۇشاللىق، شادلىق

sevinçinden ağlamak — خۇشاللىقتىن يىغلىماق

sevinçle — خۇشاللىق بىلەن، خۇشال هالدا

sevinçli haber — خۇش خەۋەر

30. sevgi — مۇھەببەت، سۆيگۈ

yurt sevgisi — ۋەتەن مۇھەببىتى

aile sevgisi — ئائىلە مۇھەببىتى

31. sevmek — سۆيمەك، ياخشى كۆرمەك

Ben vatanimi severim.

مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن.

32. soru — سوئال

çetin bir soru — قىيىن (تەس) سوئال

33. söylemek — سۆزلىمەك، دېمەك، ئېيتماق

Ben düşüncemi söyledim.

مەن چۈشەنچەمنى سۆزلىدىم.

34. şarki — ناخشا

şarki söylemek — ناخشا ئېيتماق

şarkici — ناخشىچى

35. teşekkür — رەھمەت، تەشەككۈر

Size teşekkür ederim.

سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

36. yapmak — قىلماق؛ سىزماق؛ پەيدا قىلماق

Annem yemek yapiyor.

ئانام تاماق قىلىۋاتىدۇ.

Kardaşim resim yapiyor.

ئىنىم رەسىم سىزىۋاتىدۇ.

Durgun sular sitma yapar.

ئۆلۈك (توختام) سۇ بەزگەك پەيدا قىلىدۇ.

37. var — بار

Sizde para varmi?

سىزدە پۇل بارمۇ؟

38. vermek — بەرمەك

Anneme verdim. — ئاناەغا بەردىم.

39. sinif — سىنىپ، دەرسخانا

40. bayram — بايرام

41. şiir — شېئىر

## 7. Tekst

### Okuma Sevinçi

Bugün sevinçle okuldan eve geldim, Anneme Türkçe kitabimi gösterdim:

— Anneciğim, sinifta okuma bayrami yaptik, şiirler okuduk, şarkilar söyledik, ögretmen hepimize birer kitap verdi, dedim.

Annem bana:

— Murat, okuma yazmayi ögrendin, Benimde

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

sana bir armağanım var, dedi.

Annemde bana bir kitap verdi. kıtaplarımı sevgiyle kuçakladım.

— Okumak ne güzel anneciğim, dedim.

### 3. Aşağıdaki sorulara cevap verin:

1. öğrenciler sinifta ne yapmışlar?
2. Murat kitaplarını seviyormu?

### 4. Diyalog

| | |
|---|---|
| — Bu nedir? | Bu odadır. |
| — şu nedir? | şu duvardır. |
| — O nedir? | O penceredir. |
| — Bu ne (dir)? | Bu mendil (dir). |
| — şu ne? | şu kutu. |
| — O ne? | O saat. |
| — Bu nedir? | Bu masadır. |
| — şunlar nelerdir? | şunlar iskemledir. |

— Günaydın Bay özgen, nasılsınız?

— İyiyim, teşekkür ederim. Siz nasılsınız?

— Ben de iyiyim. Teşekkürler.

— Allaha ısmarladık.

— Merhaba Demir, nasılsın?

— İyiyim. Ya sen?

— Ben de iyiyim.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# İKİNCİ DERS

## 1. Kelimeler

1. arkadaş — دوست، ھەمراھ، يولداش
   yol arkadaşı — ھەمسەپەر، ھەمراھ
   okul arkadaşı — ساۋاقداش
   iş arkadaşı — خىزمەتداش.
   arkadaşlık — ئاغىنىدارچىلىق
2. bakmak — قارىماق، باقماق
3. yer — يەر
4. yüz — يۈز
5. kömür — كۆمۈر
6. burun — بۇرۇن
7. baş — باش
8. süpürge — سۈپۈرگە
   Anne babayı iyi bakmalı.
   ئاتا - ئانىغا ياخشى قاراش لازىم.
   Evimizin arkası dereye bakıyor.
   ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى دەرياغا قارايدۇ.
9. Çocuk — بالا

İki çocuğum var. — ئىككى بالام بار.

çocuk bahçesi — باللار باغچىسى

çocuklaşmak — باللىق قىلماق

10· Çok — كۆپ، نۇرغۇن؛ بەك، ئىنتايىن

Çok çalıştık. — نۇرغۇن ئىشلىدۇق.

Çok yoruldum. — ناھايىتى ھاردىم.

Çok iyi. — ئىنتايىن ياخشى.

11· el — قول

eli açık — قولى ئوچۇق، مەرد

ele geçirmek — قولغا كىرگۈزمەك

12· eldiven — قولقاپ، پەلەي

13· evet — ھەئە، شۇنداق

14· geçmek — ئۆتمەك، ئۆتۈپ كەتمەك

Onun sözü geçer. — ئۇنىڭ سۆزى ئۆتىدۇ.

Soğuklar geçti. — سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى.

Sınavların hepisinden iyi geçtim.

ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىدىن ياخشى ئۆتتۈم.

15· giymek — كىيمەك

elbise giymek — كىيىم كىيمەك

16· giysi — كىيىم

17· havuç — سەۋزە

18· hayır — ياق، ئۇنداق ئەمەس، بولمايدۇ.

Paran varmı? Hayır.

پۇلۇڭ بارمۇ؟ يوق.

19· kaç — قانچە، نەچچە

Ona kaç kez söyledim, gene dinlemedi.

ئۇنىڭغا قانچە قېتىم سۆزلىدىم، يەنە ئاڭلىمىدى.

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 20· karşı | ئۇدۇل، قارشى |
| erin karşısı | ئۆيىنىڭ ئۇدۇلى |
| karçı partı | قارشى پارتىيە |
| 21· kartopo | قار پومزىكى |
| 22· kenar | قىرغاق، قاسناق |
| yolun kenarı | يولنىڭ قاسنىقى |
| mendilin kenarı | قول ياغلىقنىڭ قىرغىقى |
| kenar mahalle | چەت ياقا مەھەللە |
| 23· kibrit | سەرەڭگە |
| 24· kocaman | چوڭ، زور، بەستلىك |
| kocaman adam | بەستلىك ئادەم |
| kocaman bir böcek | چوڭ بىر قۇرت |
| 25· Olmak | بولماق |
| Hergün fırtına oluyor | ھەر كۈنى بوران چىقىۋاتىدۇ. |
| Evonun oldu. | ئۆي ئۇنىڭ بولدى. |
| Böyle işolmaz. | بۇنداق ئىش بولمايدۇ. |
| 26· palto | پەلتە |
| 27· sabab | سەھەر، ئەتىگەن. |
| Bugün sabahtan beri çalışıyorum. | بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئىشلەۋاتىمەن. |
| 28· sigara | تاماكا |
| 29· sokak | كوچا |
| sokağa çıkmak | كوچىغا چىقماق |
| sokakta kalmak | كوچىدا قالماق |
| çıkmaz sokak | خالتا كوچا |
| sokak çocuğu | كوچا بالىسى |

sokak kadını كوچا خوتۇنى

Sokağa atsan yüz lira eder.

كوچىغا تاشلىۋەتسەڭمۇ يۈز لىراغا يارايدۇ.

30· sonra كېيىن

Bir saattan sonra gelirim.

بىر سائەتتىن كېيىن كېلىمەن.

21· şapka قالپاق (كىگىز ياكى چىغدىن قىلىنغان)

32· şişman سېمىز، بوۋدروق

şişman çocuk سېمىز بالا

33· yontmak يونۇماق، كەسمەك

taşı yontmak تاشنى يونۇماق

34· yuvarlamak دومىلىماق.

## 2· Tekst

### Kardan Adam

Sabahleyin pencereden baktım. Çok kar yağmış Paltomu eldivenlerimi giydim. Sokağa çıktım. Arkadaşlarımda geldiler, Kartopunuyerdeyuvarladik. Kocaman oldu. Kenarlarını yonttuk. kardan adam yaptık.

Kardan adam çok şişmandı. Yüzüne iki kömür koyduk. Göz oldu. Havuçtan burun yaptik. Başına şapka giydirdik. Eline bir süpürge verdik.

Sonra kardan adamın karşısına geçtik. Onu kartopuna tuttuk.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. Aşağidaki sorulara cevap verin:

1. Çocuklar kardan adamı nasıl yaptılar?
2. Sonra kardan adamı ne yaptılar?

### 4. Diyalog

— Burada ne var? Burada masa var.

— şurada ne var? şurada giysiler var.

— Odada neler var? Odada masalar. iskemleler var

— Masada ne var? Masada kibrit var.

— Bu bir kalem midir?

— Evet efendim, bu bir kalemdir.

— O bir kitap midir?

— Hayır efendim, O bir defterdir.

— Orada kaç sıgara var?

— Orada ondokuz sigara var,

### 5. Gramer

1. ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر ئۈچۈن

بىرلىك كۆپلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | -m | -mız//miz, -muz//-müz |
| 2 - شەخس | -n | -nız//-niz, -nuz//-nüz |
| 3 - شەخسى | -sı//si, -su//sü | -ıs//-si, -su//-sü |

قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| كۆپلۈك | | بىرلىك | |
|---|---|---|---|
| سومكىمىز | Çanta + mız | سومكام | Çanta + m |
| سومكاڭلار | Çanta + nız | سومكاڭ | Çanta + n |
| سومكىسى | Çanta + sı | سومكىسى | Çanta + sı |

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر ئۈچۈن

| | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | -ım//-im, | -ımız//-imiz, |
| | -um//üm | -umuz//-ümüz. |
| 2 - شەخس | -ın//-in, | -ınız//-iniz, |
| | -un//ün | -unuz//-ünüz. |
| 3 - شەخس | -ı//-i, -u//-ü | -ı//-i, -u//-ü |

قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| كۆپلۈك | | بىرلىك | |
|---|---|---|---|
| مەكتىپىمىز | okul + umuz | مەكتىپىم | okul + um |
| مەكتىپىڭلار | okul + unuz | مەكتىپىڭ | okul + un |
| مەكتىپى | okul + u | مەكتىپى | okul + u |

## 2. ئىسىملارنىڭ خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى

تۈرك تىلىدىكى ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىسىملارنىڭ خەۋەرلىك مەنىسى قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى مۇنداق ئۇلىنىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | -ım//-im, -um//-üm | -ız//-iz, -uz//-üz |
| 2 - شەخس | -sın//sin, -sun//-sün | -sınız//-siniz, -sunuz//-sünüz |
| 3 - شەخس | -dır//-dir, -dur//-dür, -dırlar//-dirler, -durlar//-dürler | -tır//-tir, tur//-tür, -tırlar//-tirler, -turlar//-türler |

مەسىلەن:

**بىرلىك**

| | |
|---|---|
| مەن ئەسكەرمەن | Ben asker + im |
| سەن ئەسكەرسەن | Sen asker + sin |
| ئۇ ئەسكەردۇر | O asker + dir |

**كۆپلۈك**

| | |
|---|---|
| بىز ئەسكەرمىز | Biz asker + iz |
| سىلەر ئەسكەرسىلەر | Siz asker + siniz |
| ئۇلار ئەسكەردۇر | Onlar asker + dirler |

1 - شەخسنىڭ خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، تۇپ سۆز بىلەن خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى ئارىسىدا بىرلا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مەن كېسەلمەن. | Ben hasta + yım |
| بىز كېسەلمىز. | Biz hasta + yız |

بۇ فورمىنىڭ ئىنكار شەكلى خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئىنكار سۆزى değil نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

### بىرلىك

| | |
|---|---|
| Ben hasta değil + im | مەن كېسەل ئەمەس |
| Sen hasta değil + sin | سەن كېسەل ئەمەس |
| O hasta değil + dir | ئۇ كېسەل ئەمەس |

### كۆپلۈك

| | |
|---|---|
| Biz hasta değil + iz | بىز كېسەل ئەمەس |
| Siz hasta değil + siniz | سىلەر كېسەل ئەمەس |
| Onlar hasta değil + dirler | ئۇلار كېسەل ئەمەس |

بۇ فورمىنىڭ سوراق شەكلى خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا سوراق قوشۇمچىلىرى -mı، -mi، -mu، -mü نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

### بىرلىك

| | |
|---|---|
| Ben hasta mı + yım? | مەن كېسەلمۇ؟ |
| Sen hasta mı + sın? | سەن كېسەلمۇ؟ |
| O hasta mı + dır? | ئۇ كېسەلمۇ؟ |

### كۆپلۈك

| | |
|---|---|
| Biz hasta mı + yız? | بىز كېسەلمۇ؟ |
| Siz hasta mı + sınız? | سىلەر كېسەلمۇ؟ |
| Onlar hasta mı + dırlar? | ئۇلار كېسەلمۇ؟ |

www.uyghurkitap.com

بۇ فورمىنىڭ ئىنكار سوراق شەكلى سوراق قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئىنكار سۆزى değil نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**بىرلىك**

| | |
|---|---|
| Ben hasta değil miyim? | مەن كېسەل ئەمەسمۇ؟ |
| Sen hasta değil misin? | سەن كېسەل ئەمەسمۇ؟ |
| O hasta değil midir? | ئۇ كېسەل ئەمەسمۇ؟ |

**كۆپلۈك**

| | |
|---|---|
| Biz hasta değil miyiz? | بىز كېسەل ئەمەسمۇ؟ |
| Siz hasta değil misiniz? | سىلەر كېسەل ئەمەسمۇ؟ |
| Onlarhasta değil midirler? | ئۇلار كېسەل ئەمەسمۇ؟ |

## ÜÇÜNCÜ DERS

### 1· Kelimeler

| | |
|---|---|
| 1. bahçıvan | باغۋەن |
| bahçıvanlık | باغۋەنلىك |
| 2. boyacı | سىرچى؛ مايلامچى |
| ayakkabı doyacısı | مايلامچى |
| boyacilik | مايلامچىلىق؛ سىرچىلىق |
| 3. camcı | ئەينەكچى |
| camcılık | ئەينەكچىلىك |
| 4. çabuk | تېز، چاپسان |
| çabuk yaz | تېز ياز |
| çabuk ye | چاپسان يە |
| çabukluk | تېزلىك، چاپسانلىق |
| çabuklaşmak | تېزلەشمەك |
| çabuklaştırmak | تېزلەتمەك |
| 5. çalışmak | ئىشلىمەك |
| Babam tarlada çalışıyor. | دادام ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدۇ. |
| 6. çevre | ئەتراپ |
| çevremıze | ئەتراپىمىزغا |

www.uyghurkitap.com

**çevremizde** — **ئەتراپىمىزدا**

7. çiçek — گۈل، چېچەك

   çiçek bahçesi — گۈل باغچىسى

   çiçek hastalığı — چېچەك كېسىلى

   çiçekçi — گۈلچى

   çiçeklik — گۈل قاچىسى، ۋازا

   çiçekleşmek — چېچەك ئاچماق

8. görev — ۋەزىپە، خىزمەت

   öğretmenlik görevi — ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى

   görevli — مەمۇرىي خادىم، خىزمەتچى

   Bugün tatil olduğu için dairede hiç bir görevli yok.

   بۈگۈن ئارام ئېلىش كۈنى بولغىنى ئۈچۈن، ئىدارىدە خىزمەتچىلەر يوق.

9. halı — گىلەم

   halıcı — گىلەمچى

   halıcılık — گىلەمچىلىك

10. hemen — دەرھال، تېزدىن، ھايال بولماستىن

   Hemen eve dön. — دەرھال ئۆيگە قايت.

11. karton — كارتون قەغەز

12. kırmızı — قىزىل

   kırmızı biber — قىزىل لازا

   kırmızı turp — قىزىل تۇرۇپ

13. küçük — كىچىك

   küçük ev — كىچىك ئۆي

   küçük bahçe — كىچىك باغچە

14. makas — قايچا

makasçı — ئاچال باشقۇرغۇچى (تۆمۈريولدا)

makaslamak — قايچىلىماق، قىرقىماق

15. marangoz — ياغاچچى

16. mavi — كۆك، زەڭگەر

mavı boncuk — كۆك مونچاق

17. mor — پورەك

18. pembe — ئاچ قىزىل، شاپتۇل چېچىكى

19. renk — رەڭ

renkli — رەڭلىك

20. sarı — سېرىق

sarılık — سېرىقلىق

21. toplanmak — توپلانماق، يىغىلماق

Bir araya toplandı.

بىر يەرگە يىغىلدۇق.

Bütün kitaplarını topladık.

پۈتۈن كىتابلىرىنى توپلىدى.

Kırlardan çiçek topladı.

دالىدىن گۈل يىغدى.

Epey para topladı. — خېلى پۇل تاپتى.

22. turuncu — سارغۇچ قىزىل

23. yeşil — يېشىل

yeşillik — يېشىللىق، چىمەنلىك

yeşillenmek — يېشىللىققا ئايلانماق

24. zamk — يېلىم

zamk sürmek — يېلىم سۈرمەك

zamklamak — يېلىملىماق، يېلىم سۈرمەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 2. Tekst

### Ne Güzel Ev Yaptik

Bugün arkadaşlarımla Orhanlarda toplandık. Kartondan ev yapacağız.

Cengiz duvarcı, Orhan camcı, Oğuz marangoz, Ayşe boyacı, Suna bahçıvan oldu.

Kartonları, boyaları, makası, zamkı aldık. Hemen işimize başladık.

Orhan,ın annesi:

— Çok yaşayın, küçük ustular, dedi. Ne güzel çalışıyorsunuz.

Karton evimiz çabuk bitti. Evin çevresine bahçe yaptık. Suna bahçeye çiçekler dikti.

Evimiz ne güzel oldu.

## 3. Aşağıdaki sorulara cevap verin:

1. Çocuklar nasıl görevlerde bolundular?
2. Orhan,ın annesi çocuklara ne dedi?

## 4. Diyalog

— Bu ne renktir? Bu sarıdır.

— Şu kalem ne renktir? Şu kalem kırmızıdır.

— O kıtap sarımıdır? Hayır efendim, yeşildir.
— Defter sarımıdır? Evet sarıdır.
— Şuşapka ne renktir? Şu şapka pempeve mordur.
— O palto mavımıdır? Hayır, opalto yeşildir.
— Duvar ne renktir? — Dnrar turuncudur.
— Halı ne renktır? — Halı kırmızı, yeşil, pempe ve mordur.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# DÖRDÜNCÜ DERS

## 1. Kelimeler

1. beklemek — ساقلىماق، كۈتمەك

Ben seni bir saat bekledim.

مەن سېنى بىر سائەت ساقلىدىم.

2. büyük — ئۇلۇغ، زور چوڭ

büyük adam — ئۇلۇغ ئادەم

büyük başarı — ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت

büyüklük — ئۇلۇغلۇق

3. dolma kalem — قەلەم

4. dört yol ağzi — تۆت يول ئاغزى، تۆت كوچا

5. gitmek — كەتمەك

6. durmak — تۇرماق؛ توختىماق

Yaz gitti, kiş geldi.

ياز كەتتى، قىش كەلدى.

7. hasta — كېسەل، ئاغرىق

hastalik — كېسەللىك

gŏz hastalığı — كۆز كېسەللىكى

hasta olmak — كېسەل بولماق

hastalanmak — ئاغرىپ قالماق، كېسەل بولماق

| | |
|---|---|
| **hasta bakıcı** | **كېسەلگە قارىغۇچى، ھەمشىرە** |
| **8. hızlı** | **ئىتتىك، تېز** |
| **hız** | **سۈرئەت** |

**Çalışmaya hiz vermeli.**

**ئىشقا سۈرئەت بېرىش كېرەك (ئىشنى تېزلىتىش لازىم).**

| | |
|---|---|
| **hizlanmak** | **تېزلەشمەك** |
| hizlandırmak | **تېزلەتمەك** |
| 9. ışık | **نۇر**، يورۇقلۇق |
| güneş ışığı | كۈن نۇرى |
| ışıklandırmak | يورۇتماق |
| 10. Kaldırım | (چوڭ كوچىلاردا) پىيادىلەر يولى |
| 11. kamyon | يۈك ئاپتوموبىلى |
| 12. kapamak | ئەتمەك، يۇمماق |
| Kapıyı kapa. | دەرۋازىنى تاقا. |
| Gözünü kapa. | كۆزۈڭنى يۇم. |
| 13. kapı | ئىشىك، دەرۋازا |
| oda kapısı | ئۆينىڭ ئىشىكى |
| kapı komşu | ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قوشنا |
| kapıcı | دەرۋازىۋەن |
| 14. kardaş | قېرىنداش |
| kardaşlık | قېرىنداشلىق |
| 15. nine | موما (ياشانغان ئاياللار ئۈچۈن مۇ ئىشلىتىلىدۇ) |
| 16. otomobil | ئاپتوموبىل |
| 17. pek | ناھايىتى، ئىنتايىن |
| pek iyi | ئىنتايىن ياخشى |
| pek soğuk | ناھايىتى سوغۇق |
| 18. sevinmek | خۇشال بولماق |

www.uyghurkitap.com

Bu habere çok sevindim. — بۇ خەۋەرگە كۆپ خۇش بولدۇم.

**19. torun** — نەۋرە

**20. yarın** — ئەتە

**yarın giderim.** — ئەتە كېتىمەن.

**21. yavru** — ئادەم ياكى ھايۋان بالىسى

kedı yavrusu — ئاسلان (مۈشۈك بالىسى)

yavrulamak — تۇغماق (ھايۋانلار)

**22. yavaş** — ئاستا، ياۋاش

yavaş yürüyüş — ئاستا مېڭىش

yavaş adam — ياۋاش ئادەم

yavaşlamak — ئاستىلىماق

Tren yavaşladı. — پويىز ئاستىلىدى.

Fırtına yavaşladı. — بوران ئاستىلىدى.

## 2. Tekst

### Ninemize Gittik

Murat ve Ayşegül, ninelerini görmeye gittiler. Murat kardeşinin elinden tuttu. Kaldırımlardan yürüdüler. Yolda kamyonlar, otomobiller pek çoktu.

Dört yol ağzına geldiler. Murat Ayşegül'e:

— Bekleyelim, bak kırmızı ışık yanıyor, dedi.

Az sonra otomobiller durdu. Karşıda yeşil ışık yandı. İki kardeş karşıya geç tiler. Ninelerinin evine vardilar.

Nineleri onlara,

— Hoş geldiniz yavrularım. Beni sevindirdiniz, dedi.

**3. Aşağıdaki sorulara cevap verin:**

1. Dört yol ağzında çocuklar ne yaptilar?
2. Nine torunlarına ne dediler?

**4. Aşağıdaki cümleleri okuyun:**

1. Kapıyı yavaş yavaş kapayalım.
2. Şapkayı alınız, kapıyı açınız ve gidiniz.
3. Kalemi vermesin, kitabi versinler!
4. Hızlı kapamayınız!
5. Kitabi yavaş yavaş okuyunuz!
6. Şu dolmakalemi alınız ve yavaş yavaş yazınız!
7. Bu akşam gitmeyiniz, yarın gidelim!
8. Odalar büyüktür.
9. Bayangül hastadır.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## 5· Gramer

### 1. ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

① سوزۇق تاۋۇش ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن cı، ci، cu، cü قوشۇمچىلىرى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن çı، çi، çu، çü قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| araba + cı | ھارۋىكەش | çevri + çi | تەرجىمان |
| ambar + cı | ئامبارچى | aş + çı | ئاشپەز |
| dökme + ci | قۇيمىچى | emek + çi | ئەمگەكچى |
| aylık + ci | ئايلىقچى | güreş + ci | چېلىشچى |
| örgüt + çü | تەشكىلاتچى | | |

② cık، cik، cuk، cük: çık، çik، çuk، çük قوشۇمچىلىرى بىلەن ئەركىلىتىش - كىچىكلىتىش ئىسىملىرى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| anne + cik | ئانىجان | kuzu + cuk | قوزىچاق |

### 2. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

تۈرك تىلىدا كۆپلۈك سانلار lar، ler قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئىسىملارغىلا ئەمەس، پېئىللارنىڭ 3 - شەخسكىمۇ قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| çocuk + lar | باللار | ev + ler | ئۆيلەر |
| yazdı + lar | (ئۇلار) يازدى | geldi + ler | (ئۇلار) كەلدى |

# BEŞİNCİ DERS

## 1· Kelimeler

| | |
|---|---|
| 1· alev | يالقۇن |
| alevlenmek | يالقۇنجىماق |
| 2· bağırmak | ۋارقىرىماق، توۋلىماق |
| 3· büyümek | چوڭايماق، زورايماق |
| Çocuk büyüdü | بالا چوڭايدى. |
| 4· çalışkan | ئىشچان، تىرىشچان |
| çalışkan çocuk | تىرىشچان بالا |
| 5· dayı | تاغا (ئانىسنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى) |
| 6· değil | ئەمەس |
| Ben değilim· | مەن ئەمەسمەن. |
| Sen değilsin· | سەن ئەمەسسەن. |
| O değildir· | ئۇ ئەمەس. |
| 7· diye | ... دەپ |
| Çocuk annem geldi diyi bağırdı, | بالا ئانام كەلدى دەپ ۋارقىرىدى. |
| 8· gece | كېچە |
| 9· duman | تۇمان، تۇتەك، ئىس تۇتەك |
| dumanlı | تۇمانلىق |

www.uyghurkitap.com

dumanlı zirreler — تۇمانلىق تاغ چوققىلىرى
dumanlamak — تۇمانلاشماق، تۇتەكلەشمەك

10· genç — ياش
gençlik — ياشلىق
gençleşmek — ياشلاشماق
Kadrolar gençleşti· — كادىرلار ياشلاشتى.
gençleştirmek — ياشلاشتۇرماق
Kadroları gençeşırmeli·
كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش لازىم.

11· hangi — قايسى
hangisi — قايسىسى
Hangisi daha iyi? — قايسىسى تېخىمۇ ياخشى؟

12· köy — يېزا
köy halyı — يېزا خەلقى

13· yari — يېرىم
köklü — يېزىلىق، دېھقان

14· kalkmaq — تۇرماق (ئولتۇرغان ۋە ياتقان يېرىدىن)
Sabahları erken kalkarım·
ئەتىگەنلىكى ئورنۇمدىن بالدۇر تۇرىمەن.

15· kova — چېلەك

16· kürek — گۈرجەك، پالاق (قېيىقنىڭ)
kürek çekmek — پالاق ئۇرماق

17· ses — ئاۋاز، تاۋۇش، ئۈن
davul sesi — دۇمباق ئاۋازى
sesini kesmek — جىم بولماق
sesi çıkmamak — ئۈن چىقماسلىق
ses çıkarmamak — ئۈن چىقارماسلىق، زۇۋان

سۇرەسلىك

sesli ئاۋازلىق، سوزۇق تاۋۇش

sesli okuma ئاۋازلىق ئوقۇماق

sessiz ئاۋازسىز، ئۇزۇك تاۋۇش

See bilgisi فونېتىكا

18· söndürmek ئۆچۈرمەك (چىراغنى، ئوتنى)

ateşi söndürmek ئوتنى ئۆچۈرمەك

ışığı söndürmek چىراغنى ئۆچۈرمەك

19· tembel ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماس

tembel adam ھۇرۇن ئادەم

tembellik ھۇرۇنلۇق

20· uyanmak ئويغانماق (ئۇيقۇدىن)

21· üzülmek قايغۇرماق، مەيۇسلەنمەك، كۆڭلى يېرىم بولماق

22· yanmak كۆيمەك، تۇتاشماق؛ ئۆچمەك؛ قىزىماق؛ ئېچىنماق

Orman yandı· ئورمانغا ئوت كەتتى.

Odun yandı· ئوتۇن كۆيدى.

Mum yandı· شام كۆيدى (ياندى)

Kumaş boyadanyandı·· رەخت ئۆكۈپ كەتتى.

Güneşten kollari yandı·
ئاپتاپتا قوللىرى كۆيۈپ كەتتى.

Kaçırdığım firsata hala yanarım·
قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەتكە ھېلىمۇ ئېچىنىمەن.

Hasta dünden beri yanıyar·
كېسەل تۈنۈگۈندىن بېرى قىزىۋاتىدۇ.

23· yatak ئورۇن (ياتىدىغان)

yatak odasi ياتاق ئۆي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

yatak takımı    ياتاقنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى

yatağa düşmek    ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالماق

yataklı    ياتاقلىق

yataklı okul    ياتاقلىق مەكتەپ

yataklı vagon    ياتاقلىق ۋاگون

24. yangın    **ئوت** ئاپىتى، يانغىن؛ قىزىتما

Yangın söndürüldü.    ئوت ئۆچۈرۈلدى.

25. yardım    **ياردەم**

yardımci    ياردەمچى، مۇئاۋىن

yardım etmek    ياردەم قىلماق

26. yaşlı    **قېرى**، ياشانغان

yaşlı adam    ياشانغان ئادەم

yaşlılık    قېرىلىق

27. yüksek    **ئالىي**، يۇقىرى، ئېگىز

yüksek ögretim    ئالىي مائارىپ

yüksek okul    ئالىي مەكتەپ

yükseklik    ئۈستۈنلۈك، ئالىيلىق

yükselmek    ئۆرلىمەك، ئېگىزلىمەك

Uçak on bin metre yükseldi.

ئايروپىلان ئون مىڭ مېتىر ئېگىزلىدى.

yükseltmek    ئۆستۈرمەك، ئېگىزلەتمەك

28. koca    **ئەر** (ئايالغا نىسبەتەن)؛ يوغان، چوڭ

29. taşımak    **توشۇماق**

30. toprak    **توپا**، تۇپراق

31. büyümek    **چوڭايماق**، ئۇلغايماق

32. nerede    **نەدە**، قەيەردە

## 2. Tekst

### Köyde Yangın Oldu

Gece yarısıydı. Sokaktan sesler geliyordu. Hasanin annesi yatağından kalkti. Pencereden daktı:

— Vay, diye bağırdı. kocasına:

— Veli uyan kangın var, dedi.

Hasan da ukandı, Pencereden baktı. Yangın yerinden dumanlar alerler yüksrliyordu,

Sokokta çok insan vardi. köylüler kovalarla su taşıdılar. küreklevle yangına toprak attılar. Yangını büyü meden söndürdüler,

Ahmrt Dayının samanlığı yanmıştı,

Köylülar:

— Geçmiş olsun Ahmet Dayı, Üzülme. Sana yardım ederiz, dediler.

### 3. Aşağıdaki sorulara cevap verin:

1. Köylüler yangını nasıl söndürdü?
2. Köylüier Ahmet dayına ne dediler?

### 4. Diyalog

— Kim yaşlıdır? — O yaşlıdır.

— Hangı genç çalışkandır?

— Mehmet çalışkandır.

— Bu oda büyükmüdür?

— Hayir, bu oda büyük değildir.

— Demir çalışkanmıdır? — Hayir, tembeldir.

— Sen kasta mısın? — Hayır, ben hasta değilim.

— Biz gençmiyiz? —Evet genciz.

— Siz nerede siniz? — Ben odadayim.

— Bay Demir nere dedir? — Bay Demir kapı dadir.

www.uyghurkitap.com

## ALTINCI DERS

### 1· Kelimeler

1· akıllı — ئەقىللىك

akıllı çocuk — ئەقىللىك بالا

Bu akılı size kım verdı?

بۇ ئەقىلنى سىزگە كىم ئۆگەتتى؟

Adı aklımda kalmadı.

ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ.

2· aralık — ئارىلىق؛ دېكابىر

3· av köpeği — ئوۋ ئىتى

4· cici — ئوماق، سۆيۈملۈك، چىرايلىق

cici bebek — ئوماق بوۋاق

5· elli — ئەللىك

6· götürmek — يەتكۈزمەك، توشۇماق، چىدىماق

haber götürmek — خەۋەر توشۇماق (يەتكۈزمەك)

Yüreğin nasıl götürbü?

يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟

7· güneş — قۇياش، كۈن

Güneş altında çalışmak kolay değil·

ئاپتاپتا ئىشلىمەك (ئەمگەك قىلماق) ئوڭاي ئەمەس.

8· ilk bahar — ئەتىياز، باھار

www.uyghurkitap.com

9. inanmak ئىشەنمەك، ئېتىقاد قىلماق

Bu habere inanmadım.

بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىدىم.

Ben size inanırım. مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

tanrıya inanmak خۇداغا ئېتىقاد قىلماق

10. istemek خالىماق، ئارزۇ قىلماق، ياخشى كۆرمەك

Bilardo oynamryı isterim.

بىلىيارت ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن.

11. kaçıncı قانچىنچى، نەچچىنچى

Eviniz kaçıncı katta?

ئۆيىڭىز قانچىنچى قەۋەتتە؟

12. köpek ئىت

köpek balığı ئىت بېلىقى

köpekleşmek ئىت خۇيىغا كىرمەك

13. kandırmak ئىشەندۈرمەك، قانائەتلەندۈرمەك

O beni tatlı sözlerle kandırdı.

ئۇ مېنى شېرىن سۆزلەر بىلەن قانائەتلەندۈردى.

14. lahane كاللەك بەسەي

15. ocak ئوچاق؛ كان؛ يانۋار

maden ocağı مەدەن كانى

bilim ocağı بىلىم كانى

ocağı batmak يوق بولماق

ocağı sönmek نەسلى قۇرۇماق

16. ora ئۇ يەر

Oralarda ne yapıyorsun?

ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

Oranın havası nasil?

ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قانداق؟

17· sene — يىل

bu sene — بۇ يىل

18· sis — تۇمان، تۇتەك

sisli — تۇمانلىق، تۇتەكلىك

sisli hava — تۇمانلىق كۈن

sislenmek — تۇمانلاشماق، تۇتەكلەشمەك

19· sokmek — كىرگۈزمەك، پاتۇرماق، تىقماق

Anahtarı kilide soktu.

ئاچقۇچنى قۇلۇپقا تىقتى.

Bizi içeriye soktu·

بىزنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى.

20· şubat — فېۋرال، 2 ـ ئاي

21· tavşan — توشقان

tavşan yavrusu — توشقان بالىسى (بۆجەن)

tavşan yürekli — توشقان يۈرەك

22· taze — يېڭى

taze balık — يېڭى بېلىق

taze sebze — يېڭى سەي

taze ekmek — يېڭى نان

23· temmuz — 7 ـ ئاي، ئىيۇل

24· uzaklaşmak — يىراقلاشماق، قول ئۈزمەك

Ben o işten uzaklaştım.

مەن ئۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈم.

25· yaprak — يوپۇرماق، ۋاراق، بەت

Bu deftrin yaprakları eksik.

بۇ دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرى كەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

yapraklanmak يوپۇرماق چىقارماق

Ağaçlar yapraklanmaya başladı.

دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى.

26. yıl başı يىل بېشى، يېڭى يىل

27. yuva ئۇۋا، چاڭگا

kartal yuvası بۈركۈت ئۇۋىسى

hırsız yuvasi ئوغرىلار ئۇۋىسى

yuvasını bozmak ئائىلىسىنى بۇزماق

yuvasını yıkmak ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولماق

yuvalamak ئۇۋا ياسىماق، چاڭگا سالماق

Serçeler yuvalamaya başladi.

قۇشقاچلار چاڭگا سېلىشقا باشلىدى.

## 2. Tekst

### Akıllı Tavşan

küçük bir tavşan vardi. Bir gün yuvasından burnunu çıkardi:

— Bir büyüsem, dedi. Ozaman uzaklara gideram. Yeşil yapraklar yerim.

Bir av köpeği, oradan geçiyordu. ona:

— Cici tavşan. Seni uzaklara götüreyim. Orada tatlı havuçlar, taze lahanalar var, dedi.

Küçük tavşan. av köpeğinin şözlerine inanmedı

Tavşan, başını yuvasına saktu. Kōpek, oradan uzaklaşıp gitti.

### 3. Aşağıdaki sorulara cevap verin:

1. Küçük tavşan neyi istiyordu?
2. Av köpeği tavşanı kandıra bildimi?
3. Tavşan av köpəğinin sözlerine inanıp onunla birlikte gitseydi başına nelergele bilirdi?

### 4. Diyalog

— Bugün nedir? — Bügün perşembedir.
— Yarın nrdir? — Yarın cumadır.
— Hangi mevsim güzeldir?
— İlk bahar çok güzeldir.
— İlkbahardr sis varmıdır?
— İlkbaharda sis yoktur, güneş vardır.
— Bir senede kaç hafta vardir?
— Bir senede elli iki hafta vardır.
— Ocak hangi aydır? — Ocak birinci aydir.
— Şubar hangi aydir? — Şubat ikinci aydir.
— Temmuz altıncı aymıdır?

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

— Hayır efendim, fammuz yedinci aydir.
— Kaçıncı ay aralıktıv?
— On ikinci ay aralıktır.
— Yılbaşı bu aydamidir?
— Hayır, yılbaşı bu ayda değil, ocaktadir.

## 5· Gramer

### تۈرك تىلىدىكى كېلىشلەر —1

تۈرك تىلىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، دېگەندەك ئالتە كېلىش بار. تۆۋەندە باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

**1. ئىگىلىك كېلىش**

① سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا nın، nin، nun، nün قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| kapı + nın | ئىشىكنىڭ | cephe + nin | فرونتنىڭ |
| ordu + nun | ئارمىيىنىڭ | süngü + nün | سىداۋنىڭ |

② ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا ın، in، un، ün قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| kardaşım + ın | ئىنىمنىڭ | evim + in | ئۆيۈمنىڭ |
| tabur + un | باتالىيوننىڭ | yüz + ün | يۈزنىڭ |

**2. يۆنىلىش كېلىش**

① سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا ye، ya قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

karşı + ya ئۇدۇلغا sinema + ya كىنوغا
gese + ye كېچە görme + ye كۆرۈشكە

② ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا a، e قو-
شۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

okul + a مەكتەپكە ev + e ئۆيگە

3 - شەخس بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارغا na، ne
قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

başı + na بېشىغا odasi + na ئۆيىگە
evi + ne ئۆيىگە eli + ne قولىغا

### 3. چۈشۈم كېلىش

①سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە yı، yi،
yu، yü قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

kapı + yı ئىشىكنى çanta + yı سومكىنى
çiçekçi + yi گۈلچىنى sesi + yi ئاۋازىنى
gönlü + yü كۆڭلىنى

② ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ı، i، u، ü
قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

kitab + ı كىتابنى yel + i شامالنى
okul + u مەكتەپنى

3 - شەخس بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرگە nı، ni، nu،
nü قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ablası + nı ھەدىسىنى şapkası + nı قالپىقىنى
evı + ni ئۆيىنى tabutu + nu تاۋۇتىنى

www.uyghurkitap.com

## YEDINCI DERS

### 1. Kelimeler

1. abla — ئاچا، (ئۆزىدىن چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت سۆزى)
2. anlatmak — چۈشەندۈرمەك
3. bilmece — تېپىشماق

   Ninem bizden bilmece sordu.

   مومام بىزدىن تېپىشماق سورىدى.
4. benzemek — ئوخشىماق

   Çocuk babasına çok benziyor.

   بالا دادىسىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ.
5. delmek — تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق
6. ekmek — نان

   ekmekçı — ناۋاي
7. entari — ئاياللار كۆڭلىكى
8. et — گۆش

   et tutmak — ئەت قونماق؛ يارا پۈتمەك، سەمرىمەك؛ ئەت ئالماق

   Eti senin, kemiği benim.

   گۆشى سېنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ.

   Etle tirnak gibı؛ چىش بىلەن كالپۇكتەك؛

etçil — گۆشخور

etçil hayvanlar — گۆشخور هايۋانلار

9· gene — يەنە

Gene geldi· — يەنە كەلدى.

10· gök — كۆك، ئاسمان

gök gözlü — كۆك كۆزلۈك

gök bilim — ئاسترونومىيە

gök cismi — ئاسمان جىسىملىرى

gök taşı — مېتېئورىت

11· karpuz — تاۋۇز

12· manto — ئاياللار پەلتوسى

13· mektup — خەت

mektuplaşmak — خەت يېزىشماق

14· melemek — مەرىمەك

Kuzuların melemeleri uzaktan duyuluyor·

قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى يىراقتىن ئاڭلىناتتى.

15· meyva — مېۋە

16· pamuk — كېۋەز، پاختا

pamuk gibi — پاختىدەك

pamuklu — پاختا يىپىدىن توقۇلغان

pamukçuluk — پاختىچىلىق

pamuklu kumaş — پاختا رەخت

pamuk yağı — چىگىت يېغى

17· satın almak — سېتىۋالماق

18· sebze — سەي، ئوتياش، كۆكتات

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| yeşil sebze | يېشىل سەي |
| 19· şeker | شېكەر |
| şeker gibi | شېكەردەك، بەك تاتلىق |
| şeker kamışı | شېكەر قومۇشى |
| 20· şimdi | ئەمدى، ھېلى |
| Şimdı geldi· | ھېلى (ئەمدى) كەلدى. |
| Şimdi gitti | ھېلى (ئەمدى) كەتتى. |
| 21· tat | تەم، لەززەت، زوق |
| tatlı | تاتلىق، لەززەتلىك |
| tatsız | تەمسىز |
| tat almak | لەززەت ئالماق، خۇش بولماق |
| tadı damağında kalmak | تەمى تامىقىدا قالماق |
| 22· tren | پويىز |
| 23· koyun | قوي |
| koyun eti | قوي گۆشى |
| koyun sürüsü | قوي پادىسى . |

## 2· Teksı

### Bu Kimin Kızı

Ninemin yanına taplandik· Ninem bize bilmeceler sordu:

— Kara koyun meler gider,
Dağı, taşı deler gider·

Ayşegül bilemedi· Ben bildim:

— Tren, dedim·

Ninem gene sordu:

— Şekere benzer tadı yok,

Gökte uçar kanadı yok·

Ali:

— Pamuk dedi, bilemedi·

Suna:

— Kar, dedi, bildi·

Fatma abla da nineme sordu:

— Mantosu yeşil, entarisi kırmızı

Bil bakalım bu kimin kızı?

Ninem:

— Bu bir yaz meyvesidir· Karpuz, dedi·

### 3· Aşağıdaki sorulara cevap verin:

1· Hangi bilmece treni anlatıyor?

2· Kar şekere benzermi?

3· Bilmeceyegöre yeşilmantokarpuzunnesidir?

### 4· Diyalog

— Bayangül ne yazıyor?

— Bayangül mektup yazıyor·

— Siz ne çalışıyorsunuz?

— Ben türkçe ders çalışıyorum.

— Bay Demir kütüphanede mi çalışıyor?

— Hayır efendim, Bay Demır bankada çalışıyor.

— Nereye gidiyorsun?

— Eve gidiyorum.

— Nereye bakıyorsun?

— Size bakıyorum.

— Şimdi ne yapıyorsunuz?

— Pencereyi kapıyorum.

—Bugün ne satın alıyorsunuz? Etmi, sütmü?

— Bugün meyve ve sebze satın alıyorum, Yasız ne alıyorsunuz?

— Ben bugün **ekmek** ve süt satın alıyorum.

## SEKİZİNCİ DERS

### 1. Kelimeler

| | |
|---|---|
| 1. açık | ئوچۇق، يالىڭاچ |
| acık kapı | ئوچۇق ئىشىك |
| açık şehir | ئوچۇق شەھەر |
| açık dükkan | ئوچۇق دۇكان |
| eli açık | قولى ئوچۇق، مەرد |
| üstü açık yatmak | يالىڭاچ ياتماق |
| açık göz | كۆزى ئوچۇق |
| 2. dışarı | سىرت، تاشقىرى، تالا |
| Çocuk dışarıya kaçtı | بالا سىرتقا قاچتى. |
| dışarıya çıkmak | سىرتقا چىقماق |
| 3. doğmak | دۇنياغا كەلمەك، چىقماق (ئاي، كۈن)؛ پەيدا بولماق |
| 4. erken | بالدۇر |
| Geç kalma, erken gel. | كەچ قالما، بالدۇر كەل. |
| Bugün erken kalktım. | بۈگۈن بالدۇر قوپتۇم. |
| 5. geç kalmak | كېچىكمەك، كەچ قالماق |

Dün işe (okula) geç kaldım.

تۈنۈگۈن ئىشقا (مەكتەپكە) كەچ قالدىم.

6· horoz — خوراز
  horoz dövüştürmek — توخۇ سوقۇشتۇرماق
7· içmek — ئىچمەك، چەكمەك
  su içmek — سۇ ئىچمەك
  tütün içmek — تاماكا چەكمەك
  nargile içmek — چىلىم چەكمەك
8· ilk — تۇنجى، دەسلەپكى، باشلانغۇچ
  ilk ders — تۇنجى دەرس
  ilk kez — دەسلەپكى قېتىم
  ilk çağ — باشلانغۇچ دەۋر
  ilk öğretim — باشلانغۇچ مائارىپ
  ilk yaz — باھار، ئەتىياز
9· konser — كونسېرت
10· kümes — كاتەك
11· yeniden — يېڭىدىن، باشقىدىن، قايتىدىن
12· uyumak — ئۇخلىماق
13· zaman — زامان، ۋاقىت
14· otobüs — ئاپتوبۇس
15· ötmek — سايرىماق (قۇش)، چىللىماق (خوراز)
  Bülbül ötüyor· — بۇلبۇل سايراۋاتىدۇ.
  Horoz otüyor· — خوراز چىللاۋاتىدۇ.
16· salı — سەيشەنبە
17· serçe — ئاق قۇشقاچ
  serçe yuvası — ئاق قۇشقاچ چاڭگىسى
18· taksi — تاكسى
  Kentimizde taksi çoğalmaya başladı·



www.uyghurkitap.com

شەھرىمىزدە تاكسى كۆپىيىشكە باشلىدى.

**19· tavuk** تونۇ

**tavukçuluk** تونۇچىلىق

**20· ulaşmak** بارماق، يەتمەك، ئېرىشمەك

**Iyi günlere ulaştık·** ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۇق.

Mektup yerine ulaştı خەت جايىغا يېتىپ باردى.

Insan ulaşamayacağı şeylerın peşinden koşmamalı·

ئادەم بالىسى ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەسلىكى كېرەك.

## 2· Tekst

### Güneşin ilk Işıkları

Güneş sabahleyin erken doğdu· ilk ışıkları serçenin yuvasına ulaştı· Serçe uyandı· Yuvasından uçtu·

ikıncı ışık, bir kümese geldi· Horoz öttü: Üüüü· Tavuklar, kümesten dışarıya çıktılar·

Üçüncü ışık, Ayla'nın odasına girdi· Ayla, gözlerini açtı· Yatağından kalkmadı· Ayla yeniden uyudu· O gün okuluna geç kaldı·

öğretmeni:

— Her öğrenci okula zamanında gelir. Sen nerede kaldın Ayla? dedi.

3. Aşağıdaki **sorulara cevap verin:**

1. Serçe ne yaptı?
2. Horoz ne yaptı?
3. Ayla okula niçin geçikti?

**4. Aşağıdaki diyalog ve cümleleri ouyun:**

— Kapı kapalımıdır?

— Hayır açıktır.

— Nereden geliyorsunuz?

— Evden geliyorum.

— Siz neden korkuyorsunuz?

— Köpekten korkuyorum.

— Kim konserden geliyor?

— Bayangül konserden geliyor.

Bugün salıdır.

Sokakta bir otobüs ve bir taksi var.



www.uyghurkitap.com

## 5. Gramer

### تۈرك تىلىدىكى كېلىشلەر — 2

#### 4. ئورۇن كېلىش

① سوزۇق تاۋۇش ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە da، de قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

sinema + da كىنودا، كىنوخانىدا    okul + da مەكتەپتە
çin + de جۇڭگودا    ev + de ئۆيدە

② ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ta، te قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

uçak + ta ئايروپىلاندا    saat beş + te سائەت بەشتە

3 – شەخس بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرگە nda، nde قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

yatağı + nda ياتىقىدا    evi + nde ئۆيىدە

#### 5. چىقىش كېلىش

① سوزۇق تاۋۇش ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە dan، den قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

hastana + dan دوختۇرخانىدىن    ve + den ئۆيدىن
okul + dan مەكتەپتىن    sinema + dan كىنودىن
devrim + den ئىنقىلابتىن

② جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە tan، ten قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

dolap + tan ئىشكاپتىن    uçak + tan ئايروپىلاندىن

Beşten ikiyi alırsanız üç kalacak.
بەشتىن ئىككىنى ئالسىڭىز ئۈچى قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3 ـ شەخس بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرگە ndan، nden قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قولىدىن eli + nden   ياتىقىدىن yatağı + ndan

Birlik sinemasından geliyorum.

ئىتتىپاق كىنوخانىسىدىن كېلىۋاتىمەن.

Dayımın evı + nden geldi.

تاغامنىڭ ئۆيىدىن كەلدى.

## DOKUZUNCU DERS

### 1. Kelimeler

1. anlamak — چۈشەنمەك؛ مەنپەئەت كۆرمەك

Dediğinizi hiç anlamadım.

دېگىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

Bu ilaçtan hiç bir şey anlamadım.

بۇ دورىدىن ھېچ بىر مەنپەئەت (پايدا) كۆرمىدىم.

anlamazlık — چۈشەنمەسلىك

2. beğenmek — ياقتۇرماق، ياخشى كۆرمەك؛ تاللىماق

O gençi beğendim. ئۇ ياشنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

Bu kıtapların bir tanesini beğeniniz.

بۇ كىتابلاردىن بىر پارچىسىنى تاللىۋېلىڭ.

beğenmemek — ياقتۇرماسلىق، ياخشى كۆرمەسلىك، گۇمانلانماق

Ben bu işin sonunu beğenmiyorum.

مەن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن.

Halk demokrat partinin yaptıklarını beğenmedi

خەلق دېموكراتلار پارتىيىنىڭ قىلمىشلىرىدىن گۇمانلاندى.

3. bir şey değil — ھېچ ۋەقەسى يوق

4. bura — بۇ يەر (ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «burda» بولىدۇ)

Buraları də görmüş olduk.
بۇ يەرلەرنىمۇ كۆرگەن بولدۇق.

Burada (burda) rahatım iyi.
بۇ يەردە كەيپىم چاغ.

Ben burada (burda) yım. مەن بۇ يەردىمەن

5. çanta — سومكا، پورتمال
- el çantası — قول سومكىسى
- yol çantası — سەپەر سومكىسى
- para çantası — پورتمال

6. dadanmak — ئۆگىنىپ قالماق، ئادەتلىنىپ قالماق

Kediler mutfağa dadanmiş.
مۈشۈكلەر ئاشخانىغا ئۆگىنىپ قاپتۇ.

Çocuk çikolataya pek dadanmış.
بالا شاكىلاتقا بەك ئۆگىنىپ كېتىپتۇ.

7. delik — تۆشۈك
- fare deliği — چاشقان تۆشۈكى
- iğne deliği — يىڭنە كۆزى
- delik kalemi — سۇمبە
- kulağı delik — قۇلىقى ئۇزۇن
- delik açmak — تۆشۈك ئاچماق
- deliğe tikmak — تۈرمىگە تاشلىماق



www.uyghurkitap.com

delik siz — تۆشۈكى يوق

8. doktor — دوختۇر؛ دوكتور

doktorluk — دوختۇرلۇق؛ دوكتورلۇق

9. duymak — تۇيماق، سەزمەك

İçeridekiler konuştuklarımızı duydu.

ئىچىدىكىلەر سۆزلەشكەنلىرىمىزنى تۇيدى.

Yaptıklarını duydum

قىلغانلىرىڭىزنى تۇيدۇم.

Yemekte ayrı bir koku duydum.

تاماقتىن غەيرىي بىر پۇراق سەزدىم.

10. gire bilmek — كىرمەك (ئىمكان پەيئىل)

Orduya gire bilmek için...

ئارمىيىگە (ئەسكەرلىككە) كىرىش ئۈچۈن....

11. güzelçe — ياخشىلاپ

12. ilaç — دورا

ilaçlı — دورىلانغان

13. kapatmak — ئەتمەك، تاقىماق

14. karşılık — بەدەل؛ جاۋاب؛ ئىنكاس

karşılıklı — جاۋابەن

15. yemek — يېمەك

16. erte — ئەتە؛ بالدۇر

17. hile — ھىيلە، ھىيلە ـ مىكىر

18. pul

پوچتا ماركىسى؛ تەڭگە (زىننەت ئۈچۈن كىيىملەرگە ئاسىدىغان)

posta pulu — پوچتا ماركىسى

balığın pulu — بېلىقنىڭ قاسىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

19 postane — پوچىخانا
posta — پوچتا
posta treni — پوچتا پويىزى
postalamak — پوچتىغا سالماق
20· sansar — يۇلغۇن
21 sinema — كىنو، كىنوخانا
22· seslenmek — ئۈن چىقارماق، ۋارقىرىماق؛ زۇۋان سۈرمەك
seslendim duymadı. — ۋارقىرىدىم تۇيمىدى.
23· telefon etmek — تېلېفون بەرمەك
24· tekir — تاغىل
tekir kedi — تاغىل مۈشۈك
25 yakalamak — تۇتماق
Hırsız yakalandı. — ئوغرى تۇتۇلدى.
26· uçak — ئايروپىلان
uçakla geldim. — ئايروپىلان بىلەن كەلدىم.
27· çabuk — تېز، چاققان، دەرھال
28· çağırmak — چاقىرماق، ئىچقىرماق
29· ama — ئەمما، لېكىن، بىراق
30· yoğurt — قېتىق

## 2· Tekst

### Sansar ve Tavuklar

Sansarın biri tavuklara dadanmış, Tavukları yakalayıp yakalayıp yiyormuş.

